# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 ـ يىل 2 ـ ئاي

26

چارشەنبە

维吾尔文 2月26日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1－57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com  24983 ـ سان  بۈگۈن 2 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد، ئېفىيوپىيە زۇڭلىسى ئابىي بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تەكلىپ بويىچە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئەبۇزەبى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقان جىددىي پەيتتە، تەخت ۋارىسى ئالىيلىرى شۇ ھامان جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى ئاشكارا قوللىدى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى كۆپ قېتىم جۇڭگو تەرەپنى داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، بۇ، جۇڭگو ـ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇشتەك چوڭقۇر

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېخىمۇ پۇختا تولۇقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك

لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا قانچە دۇچ كەلگەنسېرى، يېزا ئىگىلىكىنى تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇش، ئاشلىق ۋە مۇھىم قوشۇمچە يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە تېخىمۇ ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى پۇختا تولۇقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، رايونغا ئايرىلغان، دەرىجىگە ئايرىلغان پەرقلىق ئاساستىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، تېرىقچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى سىياسەت جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق تېرىش ئاساسىي پايدىسىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاشلىق تېرىش كۆلىمى ۋە ھوسۇلىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش، ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش تەڭپۇڭ رايونلار بىلەن ئاشلىق ساتىدىغان ئاساسلىق رايونلار مۇناسىپ ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتىنى ساقلىشى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ مۇنداق بىلدۈردى ——

## قىلچە بوشاشماي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتىمىز بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشتا تەرەققىياتنى كۆزلەيمىز

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ جاسارەت بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قىلچە بوشاشماي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشتا تەرەققىياتنى كۆزلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، داۋاملىق قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ، پۇختا، ئىنچىكە تۇتۇشى كېرەك، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

كۇنەس ناھىيەلىك جۇڭيى تېبابىتى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى گاۋ مېيلىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دوختۇرخانىمىزنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خادىملار باش شۇجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، قېيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ داۋالايدۇ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە جەڭنى ھەرگىز توختاتمايدۇ.

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ھەم بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئىشەنچىمىزنى چىڭىتتى، ھەم بىزنىڭ ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى چىڭ تۇتۇشىمىزنى مىزان بىلەن تەمىنلىدى.» ئاۋات ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم ئوبۇلقاسىم مەتتۇرسۇن مۇنداق دېدى: «بىز قەتئىي تۈردە باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىمىز».

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى مىزان بىلەن تەمىنلىدى.» قەشقەر تەيكۇن يەم ـ خەشەك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى گو سۈيچۈەن مۇنداق دېدى: «بىز قەتئىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى چىڭ تۇتۇپ، بىر قولدا كارخانىلارنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىمىز».

«ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولمىدى، يۇقۇمنىڭ زەربىسى قىسقا مۇددەتلىك، ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆكۈمى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاۋ خۇەيگۇاڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلىسىگىلا دەخلى يەتكۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىشىگە ياردەم بېرىپ، دېھقان ئىشلەمچىلەرنى ئىش ئورنىغا تەرتىپلىك قايتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، تۈرلۈك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى قوللايمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، گې يۈەجۈن، جاڭ جىلى، جاڭ تىڭ، خەن چىنيەن، خوتەن مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ يۇك يازغان)**



**2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ئىشچىلار يەكەن ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسى مايسا يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ پارنىكىدا ئىشلىمەكتە. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، يەكەن ناھىيەسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسى مايسا يېتىشتۈرۈش مەركىزى دېھقانچىلىق ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، زاۋۇتلاشتۇرۇپ كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئەتىياز پەسىللىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا تەييارلىق قىلدى.** □ **شى جىخۇي فوتوسى**

ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ مۇنداق تەلەپ قىلدى

## يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئېڭىنى بوشاشتۇرماسلىق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھالقىلىرىنى ئازايتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ

2 ـ بەتتە

## شىنجاڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى تەڭشىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرىغا ۋە شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 2020 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 24تىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىنى 2 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىگە تەڭشەشنى قارار قىلدى.

سۆز ھەممىگە

## دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى ھوشيارلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش كېرەك

□ شۇ چىڭگۇاڭ

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 24تىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا تاسادىپىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىدىن 2 ـ دەرىجىلىك لايىھەسىگە تەڭشەلدى. لايىھە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىلمىي ھۆكۈم، ھالبۇكى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بۇ جەڭگە قاتناشقان ھەربىر كىشىنىڭ قاتتىق مۇداپىئەلىنىپ چىڭ ساقلىشى، قەتئىي بوشاشماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لايىھە دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنى يەنىلا كۆتۈرىمىز، ھوشيارلىقىمىزنى يەنىلا ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن غەلىبە كۈنىنى بالدۇرراق كۈتۈۋالالايمىز.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىدىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە قارىتا، بىز ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئۇنى مەنسىتمەسلىكىمىز، ئىدىيە جەھەتتە ئۇنى چوقۇم يېڭەلەيدىغان ئىشەنچ ۋە ئىرادە تىكلىشىمىز كېرەك. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ تېزدىن 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەنى يولغا قويۇپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭدا ئۇدا يەتتە كۈن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى كۆپەيمىدى، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، ئىرادىسى يەنىمۇ چىڭىدى.

ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەۋزەللىكى بولغاچقا، مۇھىم قائىدىنى تونۇپ، چوڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال ماسلىشىدىغان كەڭ كادىرلار، ئامما بولغاچقا، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچىمىز بار، ئىرادىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار.

ئىستراتېگىيە جەھەتتە مەنسىتمەسلىك دېگەنلىك تاكتىكا جەھەتتە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ. 1 ـ دەرىجىلىك لايىھەدىن 2 ـ دەرىجىلىك لايىھەگە تەڭشەش گەرچە ۋەقەنىڭ خاراكتېرى، خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى قاتارلىقلارنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن دېرەك بەرسىمۇ، لېكىن ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، ئارام ئېلىۋېلىشىمىزغا، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشىمىزغا تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلمايدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلىپ ئېيتساق، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، بۇرۇلۇش نۇقتىسى تېخى يېتىپ كەلمىدى؛ شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتساق، ئېچكىرى رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاساسىي شارائىتىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار، نۆۋەتتە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلار مىسالى يەنىلا دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ ھەم 4000دىن ئارتۇق ئادەم تېببىي جەھەتتىن كۆزىتىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بېسىمىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ زورىيىۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ ئۆزى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، ئىنتايىن ھىيلىگەر بولۇپ، ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چۈشىنىشىمىزدە يەنىلا بىلمەيدىغىنىمىز بىلىدىغىنىمىزدىن كۆپ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)